دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، خەلقنىڭ بەختلا ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق

□ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور بۇھەجەر ئابلا

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئەكسىچە پاكىت ئويدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي ھەرىكىتىگە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى. بىر ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە غايەت زور مال ـ مۈلۈك زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار تېررورىزمنىڭ ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىپ، نۇرغۇن ئائىلە تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، خەلقنىڭ بەختلا ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئەگەر بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ، باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، ئاپتونوم رايون بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەپ يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش ئارقىلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق، دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىۋاتىدۇ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگە، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىدا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسى سۆزلەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق. مەن ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق دەيمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كاپالىتىدە، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئاممىسى ئىزچىل باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر كىشىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدى، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى دۇنيادا ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

مەن پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دەيمەنكى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە، ھەرقانداق بىر رايوننى قالدۇرۇپ قويماي، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ھاللىق جەمئىيەت سەۋىيەسىگە يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوللىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، ئۇلار چىن قەلبىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كەلگۈسىدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدى.

«ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ـــ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، قالايمىقانچىلىق ـــ ئاپەت»، بۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى! ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئارازچىلىق سېلىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇتىدۇ، پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداشقا ئۈندەيدۇ.

قەلب ساداسى

# مەن ئىشچى بولۇش ئارزۇيۇمغا يەتتىم

□ خوتەن ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى سوپۇر ئابلىز

مېنىڭ ئىسمىم سوپۇر ئابلىز، بۇ يىل 24 ياش، ئۆيۈم خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاگرۇ يېزىسى پۇجى كەنتىدە. پۇجى كەنتى كويېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يازدا بۇ يەردە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، يايپېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ئاسمىنى كۆپكۆك، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، يىراقتىكى كويېنلۇن تېغى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان، مەن يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن.

ھازىر مېنىڭ كەيپىياتىم ئىنتايىن ياخشى، چۈنكى مەن دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلاندىم، مۇقىم خىزمىتىم، مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، بۇنىڭ بىلەن مەن قۇرداشلىرىم ئارىسىدا ئۆزۈمنى خېلىلا ئابرۇيلۇق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

مۇشۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلىسەم، ئۆزۈمنى خۇددى چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلىمەن. مەن كۆپچىلىككە ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

كىچىك چاغلىرىمدا «بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن داۋلىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتىم، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى زورىغا «ئەپلەپ ـ سەپلەپ» ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، مەن دەرس ۋاقتىدا يا ئۇخلايتتىم، يا پارىڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتىم، بەئەينى كۆپ ھەرىكەت قىلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئوخشاش ئۇششاق ھەرىكەتلىرىم تۈگىمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ تېخىمۇ بېشىنى ئاغرىتىدىغىنى، مەن دائىم ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشاتتىم، دەرستىن قېچىپ باشقا جايلارغا بېرىپ كەلسە ـ كەلمەس بالىلار بىلەن ئوينايتتىم، ئوقۇتقۇچىلار تەنقىدلەپ تەربىيە بەرسە ئاڭلىمايتتىم، ئاتا ـ ئانامنىڭ گېپى تېخىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. يەنە كېلىپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملاندىم، مەن ئۆگىنىشنى ئېغىر يۈك دەپ ھېسابلايتتىم، نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم، ھەتتا ئاتا ـ ئانام، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ مېنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىشىدىن ئىنتايىن بىزار بولاتتىم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن بىرەر ئىش تېپىپ قىلماقچى بولدۇم. مېنىڭ دەسلەپكى نىشانىم زاۋۇتتا ئىشلەش ئىدى، مەن خىزمەت ئىزدەپ بارغاندا، ئەھۋالىمنى بىلگەن زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مېنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. كېيىنچە مەن بىر خوجايىنغا ئەگىشىپ بېزەكچىلىك قىلىدىغان ئىش تاپتىم. ئەينى چاغدا مېنىڭ يا تەجرىبەم، يا تېخنىكام بولمىغاچقا، ئىشنى شاگىرتلىقتىن باشلاپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. دەل شۇ چاغدا، بىللە ئىشلەيدىغان بىرنەچچەيلەن ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە ئائىت بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى دائىم قىلىپ بېرەتتى، ماڭا يەنە قانداق ئادەم ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى قانداق ياساش توغرىسىدىكى بەزى سىن فىلىملىرىنى كۆرسەتتى، مەن سىن فىلىملىرىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقى»غا ئىنتايىن ھەۋەس قىلدىم. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئىشلەشكە رايىم بارمىدى، ناھايىتى تېزلا بېزەكچىلىك خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بەختكە يارىشا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى بۇ يولدىن ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كەلدى، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىرىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ كاللامدىكى ئەسەبىي ئىدىيەنى چىقىرىپ تاشلىدىم.

ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىلگىرى قانۇندىن قىلچە ساۋاتىم بولمىغان مەن نۇرغۇن قانۇن ـ نىزام بىلىملىرىنى بىلىۋالدىم، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم؛ نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. مېنىڭ ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىممۇ ئۆستى، يەنە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپ، ئادەتتە دۆلەت ئورتاق تىلىدا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇم. مېنىڭ كىچىكىمدىن تارتىپلا زاۋۇتقا كىرىپ ئىشچى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، شۇڭا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە موزدۇزلۇق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنى تاللىدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ناھايىتى تېزلا شۇ جايدىكى بىر ئاياغ زاۋۇتى بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىدىم. ئىلگىرى كەنتىمىزدە پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەپ، مائاش ئالاتتى، كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ناھايىتى ھەۋەس قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، مەنمۇ زاۋۇتقا كىردىم، ئازادە، يورۇق، رەتلىك سېختا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى قىلىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىممۇ تۆۋەن ئەمەس.

ئىشچى بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى تۈگىمەس كۈچكە تولغاندەك ھېس قىلدىم. مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى، كىرىمىم مۇقىم بولدى، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى. ئاتا ـ ئاناممۇ مېنىڭ ئاخىر يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىمدىن خۇشال بولدى. ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇم ھەقىقىي تۇرمۇش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن، مەن مەڭگۈ پارتىيەگە، ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا، ھازىرقى تىنچ ـ خاتىرجەم كۈنلىرىمىز بولمايتتى

□ بۈگۈر ناھىيەسى يېڭىسار بازىرى قارادۆڭ كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئېلى نىياز

مەن شىنجاڭلىق، كىچىكىمدىن كۆپ مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مۇھىتىدا ياشاپ كەلدىم. مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر ھەر مىللەت قوشنىلار بىلەن ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتتۇق، ئۆزئارا ئۆگەندۇق، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلدۇق، ئۆزئارا ياردەملەشتۇق، ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئوخشاش بىر مۇھىتتا ياشاپ، قول تۇتۇشۇپ جاپالىق ئىشلەپ، گۈزەل يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈۋاتىمىز.

ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا كۈندە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، يۇرتۇم تېخىمۇ گۈزەللەشتى. ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتى، تۇرالغۇ ئۆي ياردەم تولۇقلىمىسى بار، داۋالىنىش، بالىلارنى ئوقۇتۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ھەتتا يەر تېرىشقا ئىشلىتىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالساقمۇ ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ، كەنتلەرگە رادىيو، تېلېۋىزور يەتكۈزۈلدى، ئاسفالت يوللار كەنتلەرگىچە ياسالدى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە چۆمۈلۈپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىۋاتقان چاغدا، «ئۈچ خىل كۈچ» ھە دەپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلدى، ئۇلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاپ، ھە دەپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى تارقاتتى، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە ئېغىر تەھدىت سالدى.

مۇرەككەپ، كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى، مۇقىم، ئىناق بولغان گۈزەل شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تىنچ، خاتىرجەم جەمئىيەت مۇھىتىنى چىن قەلبىدىن ماختىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئۇلار كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى تەلۋىلەرچە «جازا لاگېرى» دەپ ئاتىدى، بۇ، مېنىڭ كۆرگەنلىرىم، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلەن زىت، ئۇلار پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھازىرقى تىنچ ـ خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايتتى!

شىنجاڭنىڭ دىنىي ساھەسىدىكى بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلاشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمماڭلار، يەنە ئىغۋا توقۇپ بوھتان چاپلىماڭلار! سىلەر قانداقلا رەزىل نىيەت بىلەن قارا چاپلىساڭلارمۇ، پاكىت يەنىلا پاكىت، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىدە تارازا بار، بىز كىمنىڭ بىزگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداش نامىدا جۇڭگونىڭ دۆلەت بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالايمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىرغىچە، توققۇز تۈردە جەمئىي 1 مىليون 150 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تىجارەت مۇلازىمەت ئەسلىھەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «توردا +تور سىرتىدا» ئەندىزىسى بويىچە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن تىجارەت ۋە مۇلازىمەتنى قانات يايدۇردى.

بۇ توققۇز يىغىپ تەقسىملەش مەركىزىگە تايىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مېۋىچىلىك گۇرۇھى جەمئىي 1 مىليون 514 مىڭ توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى، ساتتى، سودا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پىششىقلاپ سودا قىلىنغان ياڭاق جەمئىي 350 مىڭ توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 200 مىڭ توننا ئاشتى؛ چىلان 200 مىڭ توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 170 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئۆرۈك 46 مىڭ توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10 مىڭ توننا ئاشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، باغۋەنلەرنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېۋىچىلىك گۇرۇھى يەنە ئاساسلىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ناھىيە، يېزا، كەنت سېتىۋېلىش تور نۇقتىسىدىن 300دىن ئارتۇقنى تەسىس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى؛ كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، دېھقان ۋاستىچىلەر ۋە تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى دېھقانلارغا ياردەم بېرىدىغان ئاز سوممىلىق قەرز بىلەن، 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئۈچىنچى تەرەپ سودا راسچوتى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، بازار سودىسىنى جانلاندۇردى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ يىل ياڭاق سېتىۋېلىش پەسلىدە، ئىلغار بولغان ياڭاق پوستىنى ئاقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كىرگۈزۈش، قوللىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ياڭاق مېغىزىنىڭ سارغىيىپ كېتىش، قارىداپ كېتىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ياڭاقنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى ۋە قوشۇلما قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. مېۋىچىلىك گۇرۇھى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياۋروپا بازارلىرى بىلەن ياڭاق مېغىزىنى ئېكسپورت قىلىش زاكاز كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتە ياڭاقنى تۇنجى قېتىم زور مىقداردا ئېكسپورت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقئارا بازاردا سېتىش يوللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

بۇنىڭدىن باشقا مېۋىچىلىك گۇرۇھى يەنە زاكاز چىلان ھەم كىرىشتۈرمە سودا مەزگىلىدىكى قىممەتنى ساقلاش كەسپىنى يولغا قويۇپ، چىلاننى پىششىقلاش ۋە سېتىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

شىنجاڭ سىرتىدا سېتىش تورى جەھەتتە بۇ يىل سېتىش تور نۇقتىسىدىن 3140ى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، مۇستەھكەملەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىدە بىۋاستە سېتىش دۇكىنىدىن 986سى ئېچىلدى، 154 سودا تالالا بازىرى مەخسۇس پوكىيى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، 2000 سودا تالالا بازىرى مەخسۇس پوكىيى رېمونت قىلىندى، مۇستەھكەملەندى.

11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مېۋىچىلىك گۇرۇھى شەرقىي شىمال مېۋە ـ چېۋە توپ ـ پارچە سېتىش زەنجىرسىمان سۈپەتلىك ماركىسى «گوپوپو»نىڭ بېيجىڭ ۋومېي زەنجىرسىمان تالالا بازىرى، شاڭخەي جىنمېي تالالا بازىرى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سېتىش تور سىستېمىسىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا سېتىلىشىغا ياردەم بەردى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە مەيدان چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىش پائالىيىتىنى پىلانلاپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇزاققىچە، مۇقىم سېتىلىش يوللىرى ۋە تورىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ھەم سېتىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)